السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# فەيرۇز مۇنداق دېدى: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نىكاھىمدا ئاچا- سىڭىل بار» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىككىسىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى تالاق قىلغىن» دېدى

زەههاك ئىبنى فەيرۇز ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نىكاھىمدا ئاچا-سىڭىل بار» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىككىسىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى تالاق قىلغىن» دېدى

هەسەن(هەدىسنى سەهىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسلە بولسا هەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

يەمەنلىك ساھابى پەيرۇز دەيلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇسۇلمان بولغاندا ئۇنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئاچا-سېڭىل ئىدى، ئىسلامدىن بۇرۇن ئۇلار ئاچا-سېڭىل بىلەن بىراقلا توي قىلىشنى ئەيىپ دەپ قارىمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئايالى بولىش ئۈچۈن ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىپ، يەنە بىرىنى تالاق قىلىشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئىسلامدا ئىككى ئاچا-سېڭىلنى نىكاھىدا بىللە تۇتۇش توغرا بولمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58082

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee